# 124200 - تىل ئاستىغا سالىدىغان دورا روزىنى بۇزامدۇ؟

## سوئال

قەلب كېسىلى بولغان بەزى بىمارلار يۇتۇۋەتمەستىن تىلىنىڭ ئاستىغا قويۇۋالىدىغان تابلېت بولۇپ، بۇنى بەدەن سۈمۈرىدۇ، بۇنى ئىشلىتىش روزىنى بۇزامدۇ؟.بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

دوختۇرلارنىڭ ئېيتقىنى بويىچە تىلنىڭ ئاستىدىكى ئورۇن بەدەن ئۈچۈن تابلېت دورىلارنى ئەڭ تېز سۈمۈرىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قەلب كېسىلى بولغان بەزى بىمارلارنى ئەڭ تېز داۋالاشنىڭ يولى، تىلنىڭ ئاستىغا دورا قويۇش بولۇپ، بىمارنىڭ جىسمى بۇ دورىنى بىۋاستە، ئەڭ تېز شەكىلدە سۈمۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ تابلېت يۈرەككە قان يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق تۇيۇقسىز قەلب كېسىلى قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ تۈردىكى دورىلار روزىنى بۇزمايدۇ، چۈنكى ئۇ دورا ئېغىزدا سۈمۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئاشقازانغا كىرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۈردىكى دورىلارنى ئىستىمال قىلغۇچىلار دورا ئېغىزدا ئېرىگەندىن كېيىن بەدەن سۈمۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى يۇتۇۋېتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

بۇ توغرىدا "ئىسلام پىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسىدە مۇنداق قارار بايان قىلىنغان: تۆۋەندىكى نەرسىلەر روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ: قەلب كېسىلى بولغان بىمارلارنىڭ تىل ئاستىغا قويىدىغان دورىلارنى، ئېرىگەندە ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى يۇتۇۋېتىشتىن ساقلىنىپ  ئىستىمال قىلىشنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ.

"ئىسلام پىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى"1996-يىلى 2-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى 454-نومۇرلۇق قارارىغا ۋە دوكتۇر ئەھمەد خەلىلنىڭ "زامانىمىزدىكى روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار" ناملىق كىتابىنىڭ 38-39-بەتلىرىگە قارالسۇن.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.